3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى

تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تىرىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانيەتلىك سىجىل، تېخىمۇ بىخەتەر تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

پارتىيە ۋە دۆلەت ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇش توغرىسىدا مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما چىقارغاندىن بۇيان، شېنجېن دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ مۇھىم كۆزنىكىگە ئايلاندى، تۈرلۈك ئىشلاردا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، سېھرىي كۈچكە، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە، ھاياتىي كۈچكە، يېڭىلىق يارىتىش كۈچىگە تولغان خەلقئارالىق يېڭىلىق يارىتىشچان شەھەرگە ئايلاندى، ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى ئاسىيادىكى شەھەرلەر ئىچىدە بەشىنچى ئورۇندا تۇردى، 1000 تۈردىن ئارتۇق ئىسلاھات تەدبىرىنى تۇنجى بولۇپ ئىجاد قىلدى، تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 2019 ـ يىلى 431 مىليارد 500 مىليون دوللارغا يەتتى، دۆلەت يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسىدىن 17 مىڭدىن ئارتۇقنى توپلىدى، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانىنى باشلامچىلىق بىلەن تاماملىدى. «بىر تامچە سۇدا قۇياشنى كۆرگىلى بولىدۇ»، بىر جايدا بىر دۆلەتنىڭ قىياپىتىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ. شېنجېننىڭ تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىستراتېگىيە خاراكتېرىگە، پروگرامما خاراكتېرىگە، يېتەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى، بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات پىكىر يولى، تەرەققىيات يۆنىلىشى، تەرەققىيات كۈچەش نۇقتىسىنىڭ مەركەزلىك نامايەندىسى، پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان، نېگىزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، يىراق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يۆنىلىش بولۇپ، جەزمەن تەرەققىياتنىڭ پۈتكۈل جەريانى ۋە ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭدۈرۈش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شېنجېننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشىغا زور ئۈمىد باغلىدى. شېنجېن يېڭى دەۋردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يۈكلىگەن تارىخىي بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا ئالدىن يۈرۈش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىنى ياخشى قۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ شەھەر ئۈلگىسىنى بەرپا قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مەھكەم ئىگىلەپ تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

ھازىر، دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىۋاتىدۇ، خەلقئارا ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، خەۋپسىزلىك، سىياسىي قاتارلىق ۋەزىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە چوڭقۇر تەڭشىلىش بولۇۋاتىدۇ. دۆلىتىمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرماقتا، ئىقتىساد يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش باسقۇچىدىن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا ئۆتۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى شەكىللىنىۋاتىدۇ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا يەنە نۇرغۇن كەمتۈكلۈك، ئاجىز تۈرلەر بار، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ تەرەققىياتىمۇ بەزى قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. پەقەت دۆلەت ئىچى ـ سىرتى چوڭ ۋەزىيىتىنى دىيالېكتىك تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىدەك چوڭ ۋەزىيەتنى چىقىش قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى چىڭ كۆزلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، پۇرسەت ئېڭى ۋە خەۋپ ـ خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۆزگىرىشنى توغرا تونۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىلمىي ئۈيغۇنلىشىپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلىپ، كىرىزىس ئىچىدە پۇرسەت يېتىلدۈرۈپ، ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە يېڭى ۋەزىيەت ياراتقاندىلا، ئاندىن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننى تېخىمۇ ياخشى قۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە قۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات ئىچىدە ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تېخىمۇ زور تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ.

يېڭى ۋەزىيەت يېڭى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشقا موھتاج بولماقتا، يېڭى نەتىجە يارىتىشقا چاقىرماقتا. يېڭى دەۋردىكى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇلۇشىدا قەتئىي تەۋرەنمەي يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىگە بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئوبوروت، ئىستېمالدا دۆلەت ئىچى بازىرىغا تېخىمۇ كۆپ تايىنىپ، تەمىنات سىستېمىسىنىڭ دۆلەت ئىچى ئېھتىياجىغا ماسلىشىشچانلىقىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەمىنات ئارقىلىق ئىستېمالنى ئېشىۋاتقان دۆلەت ئىچى بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈپ، يېڭى پوتېنسىيال ئېنېرگىيەنى ئاشۇرۇپ، يەر شارىۋى تەسىر كۈچكە ئىگە پەن ـ تېخنىكا ۋە كەسىپتە يېڭىلىق يارىتىش ئېگىزلىكى بەرپا قىلىپ، كەسىپ زەنجىرىنى چۆرىدەپ يېڭىلىق يارىتىش زەنجىرىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش زەنجىرىنى چۆرىدەپ كەسىپ زەنجىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، كەلگۈسى كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، راۋاجلاندۇرۇپ، رەقەملىك ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇل تەتقىقات ۋە قوللىنىشچان ئۇل تەتقىقات سېلىنمىسى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن يەر شارىۋى يېڭىلىق يارىتىش تورىغا يۇغۇرۇلۇش كېرەك. زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئېنېرگىيە دەرىجىسى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. تېخىمۇ ئوچۇق ئىختىساسلىقلار سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، جاھاندىكى تالانت ئىگىلىرىنى توپلاپ ئىشقا قويۇش كېرەك. گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت مۇھىم، زور تارىخىي پۇرسەتنى تۇتۇپ پائال نەتىجە يارىتىپ، ئۈچ جاي ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىش قائىدىسىنى جىپسىلاشتۇرۇش، مېخانىزمنى ئۇدۇللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، بازارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى چياۋمېن قېرىنداشلارنى مەبلەغ سېلىپ كەسىپنى گۈللەندۈرۈشتىكى، قوش يۆنىلىشلىك ئېچىۋېتىشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى تۆھپە قوشۇشقا داۋاملىق ئىلھاملاندۇرۇش، يېتەكلەش كېرەك.

40 يىلدىن بۇيان، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ تارىخىي مۇساپىسىدە ئېقىننىڭ بېشىدا مەزمۇت تۇرۇش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش سالتەنەتلىك سەھىپىسىنى پۈتتى. يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون ئەسلىي مەقسىتى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يېڭى يۆنىلىشنى كۆزلەپ، يېڭى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇننى ياخشى ئىگىلەپ، تەرەققىيات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي رىقابەت كۈچى، يېڭىلىق يارىتىش كۈچى، خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، چوقۇم ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە يېڭى، تېخىمۇ زور مۆجىزىلەرنى ياراتالايدۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋە مۇقىملاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىن ئىبارەت قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور تەدبىر.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چۇڭچىڭ، چېڭدۇدىن ئىبارەت ئىككى مەركىزىي شەھەرنىڭ ماس تۈرتكە بولۇشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، رايون ئەۋزەللىكى ۋە خاسلىقىنى نامايان قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، چېڭدۇ ـ چۇڭچىڭ رايونىنى پۈتۈن مەملىكەتتە تەسىر كۈچكە ئىگە مۇھىم ئىقتىساد مەركىزىگە، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مەركىزىگە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ئېگىزلىكىگە، يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ۋە ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدىغان جايغا ئايلاندۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم ئېشىش قۇتۇپى ۋە يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبەسى قىلىپ بەرپا قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: چېڭدۇ ـ چۇڭچىڭ رايونى بىر تاختا شاھمات ئىدىيەسى ۋە بىر گەۋدىلەشكەن تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ھەمكارلىق مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، رايون ھەمكارلىقىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشى كېرەك. «قوش شەھەر خاتىرىسى»نى ياخشى ئېيتىپ، ئىچكى قۇرۇقلۇقنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېگىزلىكىنى بىرلىشىپ بەرپا قىلىپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك بازار سىستېمىسىنى ئورتاق قۇرۇپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى يارىتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى يېتەكچى قىلىپ، غەربىي قىسىم قۇرۇقلۇق، دېڭىز يېڭى يولىنى ياخشى قۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئىقتىسادنىڭ قوش ئايلىنىشىغا پائال قاتنىشىشى كېرەك. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنى قەتئىي بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان، يېشىل تەرەققىي قىلىدىغان يېڭى يولدا مېڭىپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈشىنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. مەركەز بىلەن رايوننىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، چۇڭچىڭ ئاساسىي شەھەرى بىلەن چېڭدۇنىڭ تەرەققىيات ئېنېرگىيە دەرىجىسى ۋە ئۇنىۋېرسال رىقابەت كۈچىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، شەھەر تەرەققىياتىنىڭ سىرتقا كېڭىيىشتىن ماھىيەتلىك مەزمۇننى ئۆستۈرۈشكە ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەپ، تەكشى تەرەققىي قىلىپ، ئەتراپتىكى شەھەر ـ ناھىيەلەر بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ تەرەققىي قىلىدىغان مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىۋاتقان، تەشۋىق قىلىۋاتقان، ئىزچىللاشتۇرۇۋاتقان، ئەمەلىيلەشتۈرۈۋاتقان پەيتتە، دۆلەت ئېلېكتىر تورى چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، دۆلەت ئېلېكتىر تورىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىقىنى ۋە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى. دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسەت، مەبلەغ، تور قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە شىنجاڭنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. بىز يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك؛ يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەت ئېڭى بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىق چوڭقۇرلۇقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، ھەمكارلىق ساھەسىنى كېڭەيتىشكە تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشكە سىجىل كۈچ سەرپ قىلىشىمىز كېرەك؛ مەۋقەنى ئېنېرگىيە بايلىقى ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلاش، ئورتاق پايدا ئېلىپ تەرەققىي قىلىشقا تۈرتكە بولۇشقا سىجىل كۈچ سەرپ قىلىشىمىز كېرەك؛ خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشقا پائال تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

ماۋ ۋېيمىڭ مۇنداق دېدى: شىركەت پارتىيە گۇرۇپپىسى باشتىن ـ ئاخىر شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىشتىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىشتىكى بىر قاتار خىزمەت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، شىركەت 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، پائال نەتىجە يارىتىپ، ئېلېكتىر تورى بايلىقىنى تەقسىملەش ۋە ئىشەنچلىك توك بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە مۇلازىمەتنى ئۆستۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭ ئېلېكتىر تورىغا ھەر تەرەپلىمە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سالمىقىنى زورايتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇمىيۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېلېكتىر تورىنىڭ تىرەك بولۇش، تۈرتكە بولۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، مەبلەغ، كەسىپ، ئىختىساسلىقلار قاتارلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش بىرىكمە مۇشتىنى ياخشى ئىشقا سېلىپ، مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى قوللاش داۋامىدا دۆلەت كوماندىسىنىڭ «تۆۋرۈكلۈك» رولىنى ھەقىقىي ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، جاسارەت بىلەن مەركەز كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىشتىكى باشلامچىلىرىدىن بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن دۆلەت تورى كۈچىنى قوشىدۇ.

سۆھبەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن، دۆلەت ئېلېكتىر تورى چەكلىك شىركىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق ئېنېرگىيە ۋە ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى يىرىك پىلانىنى تۈزۈش، ئېنېرگىيە ئالاقە تورى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، پاكىز ئېنېرگىيە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئېلېكترلەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىقلار بويىچە ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق رامكا كېلىشىمى ئىمزالىدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ، دۆلەت ئېلېكتىر تورى چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى جاڭ جىگاڭ يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) 2020 ـ يىلى كۈز مەۋسۇملۇق ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ساپا، ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، دەۋرنىڭ ئېغىر يۈكىنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) 2020 ـ يىلى كۈز مەۋسۇملۇق ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ مەكتەپ مۇدىرى (شۆيۈەن مۇدىرى) لى يىفېي ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە، شۇنداقلا بۇ قېتىمقى تەربىيەلەشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يىغىن روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش كېرەك؛ خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى جاسارەت بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيەلىك كادىرلار قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان سىياسىي ئىقتىدارنى تاۋلاپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي سەزگۈرلۈك، پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ۋە ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، نەزەرىيە ئاساسىنى جۇغلاپ، پۇختىلاپ، سىياسەتنى چۈشىنىش ئىقتىدارى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىقتىدارى، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارى ۋە سىياسەتنى ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى، كۈچلۈك بولغان ئەمەلىيەت قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئامما خىزمىتى ئۇسۇلىنى ئىگىلەپ، ساپا، ئىقتىدارنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، دەۋرنىڭ ئېغىر يۈكىنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىپ، تىرىشىپ نەزەرىيە ئاساسى پۇختا، سىياسەتنى دەل جايىدا ئىگىلىگەن، ئەمەلىيەت ئىقتىدارى كۈچلۈك يۇقىرى ساپالىق كادىرلاردىن بولۇشى كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇش پارتىيەمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىسى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى.

ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلەندى: پارتىيەنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

پروگرامما ئېنىق بولسا، تارماقلىرىمۇ ئېنىق بولىدۇ، يىلتىز قاياققا سوزۇلسا، ئۇچ تەبىئىي ئەگىشىدۇ. پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشى ياخشى تۇتۇلسا، سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي مەيدان، سىياسىي ئومۇمىي ۋەزىيەت چىڭ تۇتۇلسا، پارتىيە قۇرۇلۇشى بىرتۇتاش يېتەكچىلىككە ئىگە بولىدۇ، پارتىيە رەھبەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. پارتىيەنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇشتا پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى باش ئورۇنغا قويۇپ، سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭ پايتەخت بېيجىڭدىن يىراق بولسىمۇ، ئەمما ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ قەلبى باشتىن ـ ئاخىر يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن زىچ تۇتاشقان بولۇش، چەمبەرچاس باغلانغان بولۇشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، بارلىق ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقى ۋە قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش كېرەك.

سىياسىي لۇشيەن بېكىتىلگەندىن كېيىن، كادىرلار ھەل قىلغۇچ ئامىل. پارتىيەنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇشتا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە ھەر مىللەت كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش كېرەك. قەتئىي بوشاشماي غايە ـ ئېتىقاد تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، سىياسىي جەھەتتىكى چىنىقىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كادىرلارنىڭ سىياسىي ساپاسىنى پەرقلەندۈرۈشنى دائىملاشتۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ھوقۇقىنى باشتىن ـ ئاخىر سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان كادىرلارنىڭ قولىدا مەھكەم تۇتقۇزۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەش سالمىقىنى زورايتىپ، نەزەرىيە ئاساسى پۇختا، سىياسەتنى جايىدا ئىگىلىگەن، ئەمەلىيەت ئىقتىدارى كۈچلۈك كادىرلار قوشۇنىنى كۈچەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك. پارتىيەگە سادىق، ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنى قۇرۇشنى مۇھىم ۋەزىپە سۈپىتىدە بوشاشماي دائىم تۇتۇش كېرەك. كادىرلارغا غەمخورلۇق قىلىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت كادىرلارنى سىياسىي جەھەتتە رىغبەتلەندۈرۈپ، خىزمەت جەھەتتە قوللاپ، تەمىنات جەھەتتە كاپالەتلەندۈرۈپ، تۇرمۇش جەھەتتە كۆڭۈل بۆلۈپ، پسىخىك جەھەتتە غەمخورلۇق قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى يېڭى دەۋردە چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىشقا، چېگرا رايونغا ئۆزىنى بېغىشلاشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

ئاساس پۇختا بولمىسا، يەر ـ جاھان تەۋرەپ قالىدۇ. پارتىيەنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇشتا ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇش، ئاساس سېلىشنى شىنجاڭنى مۇقىم، ئەمىن قىلىشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان ۋە ئاساسىنى پۇختىلاش تەدبىرى قىلىپ، تىرىشىپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان، مۇقىملىقنى قوغدايدىغان، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدىغان كۈچلۈك جەڭگىۋار قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، پارتىيە بايرىقىنى ھەربىر ئاساسىي قاتلام بازىسىدا ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇش كېرەك.

ھەيۋەتلىك تاغلارنىڭ جەزمەن ئاساسىي چوققىسى بولىدۇ. پارتىيە رەھبەرلىكى بىزنىڭ خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسلارنى يېڭىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزدىكى ئاچقۇچ. پارتىيەنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇشنى شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ۋە پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرگەندىلا، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى يېزىپ چىققىلى بولىدۇ.